



مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

# شەرقىي تۈركىستان

ŞARKİ TÜRKİSTAN (DOĞU TÜRKİSTAN)



1994

١١ - ئاي

٦ - سان

6.SAYI

AYLIK SİYASİ GAZETE —— ئايلىق سىياسى گېزىت

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان نەشرىيات مەركىزى» نەشر قىلدى


## زۇلمەت ئىچىدە ئۆتكەن 45 يىل

ئۆز خەۋەرچىمىز: ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، بۇ يىل ١٠ - ئاينىڭ ١٣ - كۈنى، قىزىل خىتاي ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغىلى تۇلغىنىنىڭ ٤٥ يىللىقىدۇر. ٤٥ يىلدىن بۇيان، قىزىل خىتاي كوممۇنىستى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تارىخ سەھنىسىدىن يوقۇتۇش ئۈچۈن، قولىدىن كېلىدىغان ئىلمىكى ۋەھشىلىك ۋە زوراۋانلىقلارنى ئىشقا سېلىپ، خەلقىمىزنى تارىختا ھېچبىر ئەسىر مىللەت كۆرمىگەن چېكىدىن ئاشقان خورلۇق، ئازاپ، زۇلۇم ۋە ئىسكەنجىگە دۇچار قىلدى، بۇ سەۋەپتىن خەلقىمىز دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھايات - ماماتلىق كۈرىشى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولماقتا. (داۋامى ٤-بەتتە)



## ئامېرىكىدا تارىخي يىغىن

ئۆز خەۋەرچىمىز: «شەرقىي تۈركىستان - تىبەت - ئىچكى موڭغولىيە خەلقلىرى بىرلىكى» تەشكىلاتىنىڭ ١- قېتىملىق خەلقئارالىق يىغىنى ١٩٩٤- يىلى ١٠- ئاينىڭ ١٦- كۈنى ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىدىكى كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا غەلىبىلىك ئېچىلدى.




بۇ قېتىمقى خەلقئارالىق يىغىنغا، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغولىيە ۋەكىللىرىدىن سىرت يەنە ١٠٠ دىن ئارتۇق كىشى سىرتتىن قاتناشتى. سىرتتىن قاتناشقانلار ئىچىدە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى، ئامېرىكا پارلامېنتلىرىنىڭ ئەزالىرى ۋە كۆپلىگەن مۇتەخەسسىسلەر بار. ئامېرىكىدىكى ئاخبارات ئورگانلىرىمۇ بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.




قەھرىمان غوجامبەردى



ئەركىن ئالپتېكىن.



ئۆمەر قانات




نۇر مۇھەممەت كەنجى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا شەرقىي تۈركىستانلىقلار ۋاكالىتەن، مەركىزى ئالماتا شەھىرىدە بولغان «ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتلەر ئارا ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى، قىرغىزىستاندىكى «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسى نۇر مۇھەممەت كەنجى، مەركىزى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە بولغان «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن، باش كاتىۋى ئۆمەر قانات، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىرلىكى» نىڭ ئامېرىكىدىكى ۋەكىلى غۇلامىدىن پاختا، دولقۇن قەمبىرى قاتارلىقلار قاتناشتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان كۆپلىگەن شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلارمۇ بۇ قېتىمقى يىغىنغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. (داۋامى ٢-بەتتە)

## يەنجاچى «شەرقىي تۈركىستان» دېدى

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىرلىكى» نىڭ باش كاتىۋى ئۆمەر قاناتنىڭ نيۇيوركتىن بەرگەن خەۋىرى:

بۇ يىل ١٠- ئاينىڭ ١٦- كۈنى نيۇيوركتا چاقىرىلغان «شەرقىي تۈركىستان - تىبەت - ئىچكى موڭغولىيە خەلقلىرى بىرلەشمە كومىتېتى» نىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ لىدېرى، جاۋزىياڭنىڭ باش مەسلىھەتچىسى پىرافېسور يەن جاچى بۇ قېتىمقى يىغىندا سۆز قىلغىنىدا، باشتىن ئاخىر «شەرقىي تۈركىستان» كەلىمىسىنى قوللاندى. بۇ، ١٩٤٩- يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم بىر خىتاي لىدېرىنىڭ ئاغزىدىن چىققان كەلىمە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. (داۋامى ٤-بەتتە)

## خىتاي تارىمدا ئۇۋا تۇتتى




(داۋامى ٤-بەتتە)

# خىتاي تارىمدا ئۇۋا تۇتتى 努力增储上产多产油气

邹家华在新疆考察时要求石油职工

(بېشى 1-بەتتە)

ئۆز خەۋەرچىمىز: بۇيىل كىرگەندىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستاندىكى نېفىتلىكلەرنى ئېچىشنى تېزلىتىش - خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم خىزمەت نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى. بىر تەرەپتىن، مەركىزىي خىتاي ھۆكۈمىتى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى ئارقا - ئارقىدىن، شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىپ، ئۇيەردىكى نېفىتلىكلەرنى بىۋاستە باشقۇرۇش ۋە كونترول قىلىشنى كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ سىياسىي گېزىتى بولغان «خەلق گېزىتى» دە، شەرقىي تۈركىستاندىكى مول نېفىت بايلىقى ۋە بۇ بايلىقنىڭ خىتاي خەلقىغە يەتكۈزىدىغان ئاجايىپ پايدىلىرى ھەققىدە كەڭ كۆلەمدە ماقالىلار ئېلان قىلىپ، پۈتۈن خىتاي خەلقىنى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ بايلىقلارنى ئېچىشنى قوللاشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چەتئەل خېرىدارلىرىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ نېفىتىنى شېرىكلىشىپ ئېچىشقا دەۋەت قىلدى.



بۇيىل 7-ئاينىڭ 13-كۈنى، خىتاي مەركىزىي كومپارتىيە سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى زوۋجياخۇا، دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شەرقىي تۈركىستانغا ئاتلاپ كېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قورچاق رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىتنىڭ ھەمراھلىقىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق نېفىتلىكلەرنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى ۋە مەركەزگە قايتىدىغان چاغدا تۆۋەندىكى «يوليورۇق»لارنى بېرىپ ئۆتتى:

«شىنجاڭدىكى تارىم، جۇڭغار، تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقلىرىدىكى نېفىت زاپىسى ئىنتايىن مول، بۇلار دۆلىتىمىزنىڭ نېفىت مانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك رايون. دۆلىتىمىزنىڭ نېفىتچىلىك مانائىتىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، بارلىق نېفىت سېكتورلىرى شىنجاڭدىكى نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، نېفىت مەھسۇلاتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇشى كېرەك. ئۆز كۈچىمىزگە تايانغان ئاساستا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىرتقا ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، چەتئەل مەبلىغىدىن كۆپرەك پايدىلىنىپ، چەتئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى ۋە ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، زاپاس مىقدارى، مەھسۇلات مىقدارى كۆپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولغان نېفىتلىكلەرنى ئۇختۇلۇق ئېچىش كېرەك. تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ تەشكىللەپ، نېفىتلىكلەرنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش قەدىمىمىزنى تېزلىتىشىمىز كېرەك». (يۇقارقىلار خىتاينىڭ «خەلق گېزىتى» نىڭ بۇيىل 7-ئاينىڭ 14-كۈندىكى سانىدىن ئېلىندى).

زوۋجياخۇانىڭ يۇقارقى يوليورۇقلىرىدىن، خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ نېفىتىنى تالان - تاراج قىلىشنى جىددىيلەشتۈرگەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز.

بۇندىن باشقا يەنە، بۇيىل خىتاينىڭ دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە، خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى، «سىرلىق تەكلىماكان» دېگەن ماۋزۇدا مەخسۇس رەڭلىك رەسىملىك ژۇرنال نەشر قىلدۇرۇپ، بۇ ژۇرنالنى خىتاينىڭ چەتئەللەردىكى ئەلچىخانىلىرى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا تارقاتتى. بۇ ژۇرنالدا، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ نېفىت بايلىقى ئېنگلىز تىلىدا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، غەرپ باشچىلىقىدىكى چەتئەل كارخانىلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ نېفىتىنى بىرگە ئېچىش دەۋەت قىلىنغان.




سۈرەتتە: خىتايلار چەتئەللىكلەر بىلەن بىرگە تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرمەكتە

1989-يىلى خىتاي نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتى خىتايدىن 20 مىڭ نېفىت ئىشچىسىنى يۆتكەپ كېلىپ، كورلىدا «تارىم نېفىتلىكى قوماندانلىق باش شتابى» نى قۇرغاندىن كېيىن، بۇيىلغا قەدەر مۇشۇ قوماندانلىق شتابىنىڭ ئۆزىگىلا بىر مىليارت يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئىچكى قىسىملىرىدا ئايروپىلان ئىستانسىسى، تاشيول ۋە كىچىك شەھەرلەرنى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن تارىم ۋادىسىنىڭ ھەممىسىلا بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا خۇددى قۇشقاچىنىڭ چاڭگىلىدەك مۇستەھكەم ئۇۋا تۇتتى ھەمدە تارىم ئويمانلىقىدىكىلا نېفىتنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى بەش مىليون توننىغا يەتكۈزدى.

خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا سىياسىي جەھەتتە چوڭ داۋالغۇش يۈز بېرىۋاتقان، خىتاينىڭ دېموكراتىيەگە كۈچۈشى تېزلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ يەنە داۋاملىق تۈردە شەرقىي تۈركىستاندىكى نېفىتلىكلەرگە كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ سېلىشى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا يىراقنى مۆلچەرلەپ مۇستەھكەم ئۇۋا تۇتۇشى، كىشىنى چوڭقۇر ئەندىشىگە سالىدۇ ھەمدە، دېموكراتىيە كۈچەيگەندىن كېيىنكى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىدىن شۈبھىلەندۈرىدۇ.

塔里木油田开发促巴州发展

昔日鲜为人知·如今世界瞩目



增储上产 多产油气

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تۈركىيەدە ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى جانلانماقتا



خەۋەر بېرىمىز: بۇيىل 6-ئايدا، تۈركىيە ئىستانبۇلدىكى «شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى» ۋە «شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمئىيىتى» تەشكىللىشى بىلەن، تۈركىيەدە «شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى» قۇرۇلغان ئىدى. بۇ ئۇيۇشما شەرقىي تۈركىستاندىن كېلىپ تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان 30 دىن ئارتۇق ياشتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۇيۇشما ئەزالىرى بۈيۈك لىدەر مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ كۆرەش ئىرادىسىگە ۋە ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى» ۋە «شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمئىيىتى»نىڭ رىياسەتچىلىكىدە ۋەتەن مەسىلىسى داۋاسى ئۈچۈن ئاكتىپ پائالىيەت قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلار ھەر شەنبە كۈنى ۋەتىنىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى ئەھۋالى ھەققىدە ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ، تۈركىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنى ۋەتەن ھەققىدىكى كۆپلىگەن يېڭى مەلۇماتلارغا ئىگە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، گېزىت ۋە ژۇرناللىرىمىزنى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى يېڭى خەۋەر-ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىدى.





ئۇيۇشما ئەزالىرى كۆپ قېتىم ھەيئەت تەشكىللەپ، يېقىندىن بۇيان تۈركىيەنىڭ قەيسىرى شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «تۈرك كەلرىزىيەر قۇرۇلتىيى»، ئىزمىردا ئېچىلغان «تۈرك دۇنياسى دوستلۇق، ھەمكارلىق ۋە ئىش بىرلىكى قۇرۇلتىيى» ۋە ئىستانبۇلدا چاقىرىلغان «تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى باشلىقلىرى يىغىنى» قاتارلىق كۆپلىگەن موھىم يىغىن ۋە پائالىيەتلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىپ، تۈرك جامائەتچىلىكىگە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي زۇلمىنى ئاڭلاتتى.

يېقىندا ئۇلار يەنە قىزىل خىتاي ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس ھەيئەت تەشكىللەپ ئەنقەرەگە بېرىپ، 37 دۆلەتنىڭ تۈركىيەدىكى باش ئەلچىخانىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئومۇمى ۋەزىيىتى ھەققىدە يازما مەلۇمات بەردى.

نۆۋەتتە، بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرماقتا.

# تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى باشلىقلىرى يىغىنى غەلىبىلىك ئېچىلدى







## دېموكراتىك خىتايلار بىلەن قىزىل خىتايلار

شاڭگاڭدا چىقىدىغان «دوڭشياڭ» ژۇرنىلىنىڭ بۇيىل 6-ئايلىق سانىدىكى خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى جاڭ زېمىن دېڭ شياۋپىڭنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، «دېموكراتىك زاتلارنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ئەللەردىكى مىنىستىرلىككە، ئۆلكە، ئىشلىكىگە ھەتتا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىقىغا قويۇش كېرەك. ئۇلار مۇھىم كۈچلەردۇر» دېگەن. ئارقىدىنلا ئۇ كوممۇنىست ئەمەلدارلار قاتناشقان مەركەزنىڭ سىياسى بىروسى يىغىنىدا موقامىنى ئۆزگەرتىپ، «بۈگۈندىن كېيىن كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى، دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلارغا ئەزا بولۇپ كىرسە تامامەن بولىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلارغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشنى تەكىتلىگەن.

گېزىت باشلىقى ئارسلان ئالپتېكىن
باش تەھرىر پەرھات يۇرۇڭقاش
مائاۋىن باش تەھرىر شاخېلىل بوزقۇرت
گېزىتىمىزنىڭ تۈركىيە ئىستانبۇلدىكى ئادرېسى:
Ataköy 4. Kısım T.O. Blck No. 89/5
İSTANBUL - TURKEY
Tel. : (0212) 559 83 21

ئىزاھات: گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاپتورلار ئۈستىدە.
Yayınlanan yazıların sorumluluğu yazarlarına aittir.Gönderilen yazılar yayınlansın veya. yayınlanmasın iade edilmez.İsim zikredilmeden iktibas edilemez.